UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

25.01.2021 – 17.01.2021


تەييارلىغۇچىلار : م. تەكىرىقۇت
: نىجات تۇرغۇن
: مەلىكەزادە
: مەمەتئېلى مەمەتئېمىن
: نىجات مەمەت

تەھرىرلەر : ئابدۇرەھىم دۆلەت
: ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
: پاسىبان



16 - سان
27/01/2021


https://www.uysi.org/ug/

## ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتى ھەپتىلىك تەرەققىياتى، ئانالىز ۋە تەۋسىيەلەر

(25.01.2021 — 18.01.2021)

**تەييارلىغۇچى: م. تەڭرىقۇت**

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايىك پومپېئو ئۆزىنىڭ ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرگە يۈرگۈزگەن سىياسىتىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تۈردە ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. باياناتنىڭ بۇ ھەقتىكى قىسمىدا مۇنداق دېيىلدى:

*«بىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق 2017 - يىلى مارتتىن باشلاپ شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قاراتقان نەچچە ئون يىللىق داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى غايەت زور دەرىجىدە ئاشۇرغانلىقىنى جەزىملەشتۈردۇق. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان ئەخلاق ۋە روھىي جەھەتتىكى يىرگىنىشلىك قىلمىشى، پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە باستۇرۇش سىياسىتى ئېلىپ بېرىشى ، سىستېمىلىق شەكىلدە ئېلىپ بارغان خورلىشى، ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىش ئۇلارنى ئايرىم مىللەت سۈپىتىدە نازارەت ئاستىغا ئېلىش، ئۇلارنىڭ ساياھەت قىلىش، رايون ئاتلاش، كۆچۈش، مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش ھەتتا يىغىلىش، نۇتۇق سۆزلەش ۋە ئىبادەت قىلىش قاتارلىق ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشىنى نىشان قىلغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتا تۇغماس قىلىش ۋە مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن ۋە ئۇلارنى ئۇيغۇر بولمىغانلار بىلەن توي قىلىشقا زورلىغان شۇنداقلا ئۇيغۇر*

*باللىرنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتكەن.*

*خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، قىيناش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا نورىمبېرگ سوتى بۇ قىلمىشلارنى سادىر قىلغان ئۇرۇش جىنايەتچىلەرنى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بىلەن ئەيىپلىگەن ئىدى. ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ۋە مەۋجۇت پاكىتلارغا ئاساسەن، مەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى جەزىم قىلدىم ...»*

مايىك پومپېئونىڭ ئامېرىكاغا ۋاكالىتەن ئېلان قىلغان بۇ باياناتىدا خىتاينىڭ مۇستەقىل ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش خادىملىرىنىڭ رايونغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا يول قويمايۋاتقانلىقىنى، پاكىتلارغا تايانغان دوكلاتلارنى داۋاملىق رەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ خۇشال خورام ھالدا تەربىيەلىنىش، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئاياللارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قاتارلىق تەربىيەلەشلەرگە قاتنىشىۋاتقانلىقىدەك يالغان ھېكايىلەرنى توقۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ تىلغا ئالغان. باياناتتا يەنە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ خىتاي يۇقىرىلىرىغا يامان نىيەتلىك ئۇچۇر تارقىتىپ ئۇيغۇرلارنى «يىرگىنىشلىك ئۆسمە» دەپ كۆرسەتكەنلىكى، ئىسلام دىنىنى بولسا « يۇقۇملۇق ۋابا»غا ئوخشاتقانلىقى سۆزلەنگەن. مەزكۇر باياناتتا يەنە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ يۇقىرىلىرىغا « سىلەر زىرائەتلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنىۋالغان ياۋا ئوت - چۆپلەرنى بىر بىرلەپ يۇلۇپ تاشلىمايسىلەر، بەلكى كىسلاتا تۆكۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشۈڭلار كېرەك» دەپ تەشۋىق قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.[1]

[1]Michael R. Pompeo, " Determination of the Secretary of State on Atrocities in Xinjiang", US Department of State, 19.01.2021 https://2017-2021.state.gov/determination-of-the-secretary-of-state-on-atrocities-in-xinjiang//index.html

ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارىدىن بىر كۈن كېيىنلا ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونىي بلىنكىن پومپېئو ۋە ئالدىنقى ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن سىياسىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتكەنلىكىنى قوللايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق قارايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن[2]. ئۇ يەنە بۇنداق بېكىتىش بىلەنلا توختاپ قالماي خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشلىرىغا قارىتا بۇ خىل ئەمگەككە سېلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئامېرىكا سېتىۋالماسلىقى كېرەك، دېگەن.[3]

ئامېرىكانىڭ بۇ باياناتىغا قارىتا خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ « بىز بۇ ئاتالمىش ئىرقىي قىرغىنچىلىق قارارىنى بىر ئەسكى قەغەز دەپ قارايمىز خالاس، شىنجاڭ مەسىلىسىدە يېڭى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن قارارنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز[4]» دېگەن. لېكىن دېگەندەك بايدىن ھۆكۈمىتىمۇ ترامپ ھۆكۈمىتى بىلەن ئوخشاش قارار بەرگەن.


يېڭى ھۆكۈمەت ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندە خىتايغا قارشى سىياسەتتە يۈرگۈزۈشنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىشارەت بەرمەستىن ئەكسىچە بىرىنچى بولۇپ ترامپ ھۆكۈمەتنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» قارارىنى توغرا دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دەل بۇ كۈن خىتاي دائىرىلىرى ئايرىم ئايرىم ھالدا سەككىز ۋە 12 ئۇرۇش ئايروپىلانى بىلەن تەيۋەننىڭ ھاۋا تەۋەلىكىگە

[2]Deiedre Shesgreen, “The world’s on fire’ and other takeaways from Biden’s secretary of state nominee confirmation hearing”, USA TODAY, 19.01.2021 https://www.usatoday.com/story/news/politics/elections/2021/01/19/biden-nominee-antony-blinken-china-committing-genocide-uyghurs/4215835001/
[3]ABC News “ Biden nomination for Secretary of State calls China’s Uyghur policy “genocide”. 20.01.2021 https://www.abc.net.au/news/2021-01-20/antony-blinken-china-uyghur-genocide-policy/13074550?nw=0

[4]BBC, “US: China ‘committed genocide against Uighurs’”, 21.01.2021 https://www.bbc.com/news/world-us-canada-55723522

تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. ئامېرىكا تەرەپ بۇنىڭغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرغان ۋە «خىتاي تەرەپنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان دىپلوماتىك ، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي بېسىملىرىنى توختىتىشقا چاقىرىمىز،بىزنىڭ تەيۋەن تەرەپكە بەرگەن ۋەدىمىز مۇستەھكەم شۇنداقلا بىرلىكتە تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقۇملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز» دېگەن شۇنداقلا تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردىغانلىقىنى ئېيتقان . تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئامېرىكانىڭ بۇ خىل قوللىشىغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. [5]

بۇنىڭدىن باشقا بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ب د ت ئەلچىلىكى تۋىتتىر ھېسابىدا بايانات ئېلان قىلىپ، ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنى خىتاينىڭ تەيۋەننى چەتكە قېقىش ۋە يالغۇز قالدۇرۇش سىياسىتىگە بىردەك قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان.




[5]"US support for Taiwan 'rock-solid' as China again sends warplanes",Aljazeera, 24.01.2021 https://www.aljazeera.com/news/2021/1/24/us-support-for-taiwan-rock-solid-after-china-sends-warplanes

بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرى جېنىت يېللىن بۇ ھەپتە خىتاينى « بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك رەقىبىمىز» دەپ ئاتىغان. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى سۆزلىگەن:

*«بىز خىتاينىڭ بوزەك ۋە تاجاۋۇز خاراكتېرلىك،ئادىل بولمىغان ۋە قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. خىتاي ماللىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىش،سودا توسالغۇسى پەيدا قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ چوڭ كارخانىلىرىغا قانۇنسىز تولۇقلىما بېرىش ئارقىلىق ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ پايدىسىنى ئۆلتۈرمەكتە. .... خىتاي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈردىغان دەرىجىدە ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى يۈرگۈزمەكتە...»*

يېللىن يەنە خىتاينى تېخنىكا ئوغۇرلاش، چەتئەل كارخانىلىرىنى تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە زورلاش، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى بىلەن كارى بولماسلىق ۋە ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەنمۇ ئەيىبلىگەن.[6]

ترامپ ھۆكۈمىتى ۋەزىپىدىن ئايرىلىشى بىلەنلا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايىك پومپېئو، سودا مىنىستىرى پېتىر ناۋارو قاتارلىق 28 نەپەر ئامېرىكا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى« يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق» بىلەن جازالىغان. جازانىڭ مەزمۇنى بولسا بۇلار ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ خىتاي، خوڭكوڭ ۋە ئاۋمېنلارغا كىرىشى چەكلەنگەن شۇنداقلا بۇ كىشىلەر ۋە ئۇلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئورگانلارنىڭ خىتاي بىلەن سودا قىلىشى مەنئىي قىلىنغان. بۇلارغا جازا يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي يەنە

[6] Grey Robb, "Yellen's harsh words for China show Biden team will continue fight Trump started", MarketWatch, 22.01.2021 https://www.marketwatch.com/story/yellens-harsh-words-for-china-show-biden-team-will-continue-fight-trump-started-11611345244

بايدىن ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن قىززىقارلىق يېرى، خىتاي تەرەپ ترامپقا قارىتا ھېچقانداق جازا يۈرگۈزمىگەن.[7] خىتاي تەرەپ يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ۋەتەندىكى كىشىلەرنى پومپېئونى تىللاشقا ۋە تەنقىد قىلىشقا ئۇرۇنلاشتۇرغان، لېكىن ترامپنى ھېچكىم تەنقىد قىلمىغان.

## مۇلاھىزە

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتى مەسىلىسىدە بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭمۇ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ قارار چىقىرىشى يېڭى ھۆكۈمەت دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتايغا قاتتىق قول بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ۋە ۋىرۇس بىلەن ئىگىز- پەس بولۇپ كەتكەن خەلقئارا جەمئىيەت بايدىن ھۆكۈمىتىنى نۇرغۇن كۈنتەرتىپلەر بىلەن مەشغۇل قىلىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئامېرىكا تاشقى سىياسىتىدە قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى يەنىلا كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىراق ئامېرىكانىڭ رەسمىي تۈردە بۇنداق بىر قارار ئېلىشى ۋە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقنى ئۆتكۈزىۋالغان بىرىنچى كۈنىدىلا بۇ ھەقتە ئوچۇق - ئاشكارا پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى خەلقئارا جەمئىيەتتىن خىتايغا بولغان بېسىمنى غايەت زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ئامېرىكادىن كېيىن ئەنگلىيە، كانادا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بۇ خىل قارارلار چىقىشى مۇمكىن. بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇق ئۆتكۈزىۋالغان بىرىنچى كۈنىلا بۇنداق قارار چىقىرىشى ئەمەلىيەتتە خىتايغا قاراتقان سىياسەتتە ترامپ ھۆكۈمىتىدىن بەك پەرقلىق سىياسەت يۈرگۈزمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[7]The Guardian, "China announces sanctions against 'lying and cheating' outgoing Trump officials",20.01.2021
https://www.theguardian.com/world/2021/jan/20/china-sanctions-trump-officials-mike-pompeo

بۇ قارارلار ياۋروپا ئىتتىپاقىغىمۇ يېڭى بېسىملارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن . ياۋروپانىڭ خىتاي بىلەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالىشى نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن ئەيىپلەنمەكتە. لېكىن بۇ كېلىشىمنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ماددىسى ئارقىلىق خىتاي تەرەپكە يەنىمۇ بېسىم قىلىش مۇمكىن. بۇ ياۋروپا تەرەپنىڭ قارارىغا يەنى،خىتاينىڭ ھەددىن ئاشقان زۇلۇمغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىغا باغلىق. بەزى كۆزەتكۈچىلەر بۇ كېلىشىمدە ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئىشچىلار ھوقۇقىنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنغانلىقىنى سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، ياۋروپا ئىتتىپاقى سودا كومىتېتى مۇئاۋىن مۇدىرى ۋالدىس دومبروۋىسكىس ( Valdis Dombrovskis ) مەركۇر كېلىشىمدە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىت مەسىلىسى، مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش بىلەن كۈرەش قىلىش قاتارلىق قىممەت قاراشلىرىمىزدىن ۋاز كەچمىدۇق، دەپ باياناتت بەردى.[8]

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ باياناتى، ياۋروپانىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ياۋروپانىڭ خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى مەيدانىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى خىتاي بىلەن باراۋەر مۇناسىۋەتنى ساقلاش ۋە خىتايغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېقىنىپ قالماسلىقتۇر. بۇنداق بولۇش يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكانىڭ ياۋروپاغا تۇتقان پوزىتسىيەسى، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قانچىلىك ھەمكارلىق يولى ئېچىپ بېرەلىشى ۋە ئەڭ مۇھىمى ئامېرىكانىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىگە باغلىق. يىغىپ ئېيتقاندا، ياۋروپا ۋە خىتاي ئارىسىدا تۈزۈلگەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ياۋروپانىڭ ئىنسان ھەقلىرى قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ۋە بىزنىڭ مەسىلىمىزگە قارىتا بۇنىڭدىن كېيىن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ.

[8]European Commission, “EU and China reach agreement in principle on investment”, 30.12.2020 https://ec.europa.eu/commission/presscorner/detail/en/ip_20_2541

خىتاي تەرەپنىڭ پومپېئو قاتارلىق ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى خىتاينىڭ بىر ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، يەنى خىتاي ئامېرىكا بىلەن ھەقىقىي تۈردە تۇتۇشۇشتىن قورقىدۇ. خىتاي ئامېرىكاغا قارشى چوڭ - چوڭ باياناتلارنى بېرىۋاتقان بىلەن، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي كەلمەكتە ياكى ئامېرىكا خىتاينى ئۇرسا، خىتاي قورقۇپ تەيۋەننى ئۇرۇش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرماقتا. بۇلار ئەمەلىيەتتە خىتاي تەرەپنىڭ «بۆرە دىپلوماتىيەسى» نىڭ خەلقئارادا ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى دىكتاتور ۋە خىتايپەرەست ھاكىمىيەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن  قىلىۋاتقان تېرە تاراقشىتىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جازالاش قارارىنىڭ  ھەم ترامپ ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنىشى ھەم بۇ جازالاش تەدبىرىنىڭ خىتايغا قارشى ئەڭ قاتتىق قول بولغان، ھەرقانداق چوڭ يىغىندا خىتاينى ئوچۇق ئاشكارا تىللاپ كەلگەن ترامپنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى خىتاينىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتىن نە قەدەر ئېھتىيات قىلىدىغانلىقى، پەقەت كۈچى ئاجىز كىشىلەرنىلا جازالىيالايدىغانلىقى، ھەتتا ترامپقا ئوخشاش ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان بىرىنىمۇ جازالاشقا جۈرئىتىنىڭ يوقلۇقىنى نامايەن قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ترامپ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ غايەت زور قوللاشقا ۋە يەنىلا كۈچلۈك سىياسىي ۋە ئىقتىسادى كۈچكە ئىگە شەخس. شۇڭا خىتاي ئۇنى جازالاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. پومپېئو ۋە ناۋارو قاتارلىق ئەمەلدارلارنى  نېمشقا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋاقتىدا جازالاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ؟ ھازىرقى بۇ جازالاش تەدبىرى بۇ ئەمەلدارلارغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن سودا ئالاقىسى بارمىتى؟ ۋە مۇھىم بولغىنى خىتاينىڭ بۇ خىل « ئۈژمە تۈگىگەندە سوپسوپياڭ كەپتۇ» مەنتىقىسىدىكى سىياسىتىگە خەلقئارا جەمىيەت قانداق باھا بېرىدۇ؟ بۇلار ئەلۋەتتە مۇھىم.

خىتاينىڭ تەيۋەن ھاۋا تەۋەلىكىگە تاجاۋۇز قىلىشىمۇ ئەمەلىيەتتە يېڭى

ۋەزىيەتكە كەلگەن بايدىن ھۆكۈمىتىگە بەرگەن بىر سىگنال ۋە ئۇلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىشى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. خىتاينىڭ بۇنى بايدىننىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان كۈنىدە قىلىشىمۇ تولىمۇ مەنىداردۇر. خىتاي ھەر قېتىم ئامېرىكادا ھۆكۈمەت ئالماشقاندا ئۇلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقىدۇ. خىتاي بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن تەيۋەن مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى ئىپادىلىمەكچى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىدە ترامپتىن پەرقلىق سىياسەت يۈرگۈزەمدۇ - يوق ، بىلىپ باقماقچى.

ئامېرىكا - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، خىتاينىڭ ياۋروپا ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتلىرىگە تاقىشىدىغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئامېرىكانىڭ تىنچ ئوكياندىكى ئىتتىپاقداشلىرىنى بوزەك قىلىشى، دىكتاتورلۇق يولىغا قاراپ مېڭىشى، ئۆكتەم دىپلوماتىيەسى شۇنداقلا دۇنيا مىقياسىدىكى جاسۇسلۇق قىلمىشلىرى خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاتتىق قول بولۇشتىن باشقا تاللىشى بولمايدۇ. ۋاستە ۋە تاكتىكا ھەرخىل بولۇشى مۇمكىن،لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن خىتاينى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش سىياسىتى ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ مۇھىم نوقتىسى بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھازىرقى ئەھۋالدا بايدىن ھۆكۈمىتى ئومۇمەن ترامپتىن بەك پەرقلىق سىياسەت يۈرگۈزمەيدۇ. بىلىنكىننىڭ ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قارارىنى قوللىشى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەيۋەننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى ۋە ئىقتساد مىنىستىرى جېنىت يېللىننىڭ خىتاينى تىجارەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى ئەيىپلىشى قاتارلىقلارنى بۇنىڭ بەلگىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.


# خىتاي - ياۋروپا مۇناسىۋەتلىرى

(24.01.2021 — 17.01.2021)

**نىجات تۇرغۇن**

1 . خىتاي بىلەن ياۋروپانىڭ مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مۇناسىۋەتلىرى ۋە خەرىتىلىك ئىزاھاتى:

■ 1.1. ياۋروپادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەردە خۇاۋېينىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدىكى 5G قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشى چەكلەندى. چەكلەشنىڭ ئۇسۇللىرى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرى ئامېرىكانىڭ «پاكىزە تور تەشەببۇسى»غا ئىمزا قويۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ 5G قۇرۇلۇشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان[9]. خىتاي بولسا خۇاۋېينى 5G قۇرۇلۇشىدىن چەكلىگەن دۆلەتلەرگە ھەرخىل شەكىلدە بېسىم قىلغان[10].




[9]Lucrezia Poggetti."EU-China Mappings: Interactions between the EU and China on key issues". MercatorInstituteforChinaStudies. 20.01.21. https://merics.org/en/short-analysis/eu-china-mappings-interactions-between-eu-and-china-key-issues


[10]Global Times."China to take counter-measure against Sweden over excluding Huawei, ZTE from 5G rollout". GlobalTimes. 21.01.21.https://www.globaltimes.cn/page/202101/1213510.shtml

## مۇلاھىزە:

جاھانگىر دۆلەت بولۇشنى كۆزلەۋاتقان خىتاي تېخنولوگىيەلىك تەرەققىياتقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرمەكتە ۋە خۇاۋېيغا ئوخشاش شىركەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياردەمدە بولماقتا. نەتىجىدە خۇاۋېي بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تېلېگراف، ئالاقە ۋە ئۇچۇر شىركىتىنىڭ بىرىگە ئايلاندى ۋە دۇنياغا كەڭ تارقالدى. ياۋروپادىمۇ كۆپلىگەن دۆلەتلەردە تېلېگراف ئىستانسىلىرىنى قۇردى. 5G قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ۋە خىتاينىڭ خۇاۋېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۆپلىگەن ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى ۋە خەۋپسىزلىك سەۋەبىدىن ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن خۇاۋېينى 5G قۇرۇلۇشىدىن سىقىپ چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇندىن كېيىنكى ياۋروپا - خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى تېخنولوگىيەلىك رىقابەتتە 5G قۇرۇلۇشى مۇھىم بىر كۈنتەرتىپتە بولۇشى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ 5G قۇرۇلۇشىنىڭ خىتايغا بېقىنمىغان بىر سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە تېخنولوگىيە جەھەتتىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئامېرىكا بىلەن يېقىن ۋە سىجىل ھەمكارلىقتا بولۇشى مۇمكىن.

■ 2.1. خىتاينىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا سالغان مەبلىغى ئاساسلىقى غەربىي ياۋروپا ۋە سىكاندىناۋىيە دۆلەتلىرىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئۆز سانائىتى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرى تېخنىكىلارنى قوغلىشىشى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغىغان ۋە بۇ يىل ياۋروپا كومىتېتى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك سانائەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بىر قانۇن رامكىسى تۈزۈپ چىققان، بۇ قانۇن 2020 - يىلى

10 ـ ئايدىن باشلاپ ئەمەلىيلشكە باشلىغان.[11]





## مۇلاھىزە:

غەربىي ياۋروپا ۋە سىكاندىناۋىيە ياۋروپانىڭ ئىقتىساد، سانائەت ۋە پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان، دېموكراتىك دۆلەت تۈزۈمى ۋە پاراۋانلىق سىستېمىسى ياخشى بولغان رايوندۇر. خىتاينىڭ كۆپرەك مەبلەغنى بۇ رايونغا سېلىشى بىر تەرەپتىن يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىغا ۋە سانائەت ساھەلىرىگە ئىگە بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز تەسىرىنى بۇ دۆلەتلەردە كۈچەيتىشتۇر. ئۇندىن سىرت خىتاي سىكاندىناۋىيە دۆلەتلىرى بىلەن شىمالى قۇتۇپ تەتقىقاتى توغرۇلۇق ھەمكارلىق ئورنىتىش ئارقىلىقمۇ شىمالى قۇتۇپتىكى تەسىرىنى چوڭايتىشقا ئۇرۇنماقتا. غەربىي ياۋروپا ۋە سىكاندىناۋىيە دۆلەتلىرىمۇ دۆلەتلىك پارلامېنتلىرىدا خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەبلەغ سېلىش پائالىيىتىگە قارشى قارارلارنى ئالماقتا.

[11]Miriam GARCIA FERRER. "EU foreign investment screening mechanism becomes fully operational".European-Comission.09.10.20. https://ec.europa.eu/commission/presscorner/detail/en/ip_20_1867

■ 3.1. شەرقىي ۋە جەنۇبىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ يىپەك يولى پىلانىغا ئەزالىقى. 2015 - يىلىدىن 2019 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 17 ياۋروپا دۆلىتى سودا ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، خىتاينىڭ يىپەك يولى پىلانىغا قاتناشقان. ئەمما خىتاي ۋەدە قىلغان مەبلەغ تولۇق ئورۇندالمىغان ۋە ئۆز - ئارا تىجارەتتە كۆپ پايدىنى خىتاي ئالغان بولۇپ، سودا تەڭپۇڭسىزلىقى كېلىپ چىققان[12].





## مۇلاھىزە:

خىتاي جەنۇبىي ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى يىپەك يولى پىلانىغا باغلاش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن بۇ پىلاننىڭ ئاخىرقى بېكەتى بولغان ياۋروپاغا ئۇلىنىش يولىنى ئاچسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە قەدەممۇ قەدەم سىڭىپ كىرىپ، ياۋروپاغا قارىتا پارچىلاپ باشقۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزمەكتە، شۇنداقلا ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ خىتايغا قارىتا ئورتاق بىر سىياسەت يۈرگۈزۈشتە قىينالماقتا. ئەمما رايوندىكى دۆلەتلەر گەرچە ئىقتىسادىي ئېھتىياج سەۋەبلىك خىتايغا يېقىن تۇرۇشنى

[12]Emilian Kavalski. "How China lost central and eastern Europe". TheConversation. 27.07.20. https://theconversation.com/how-china-lost-central-and-eastern-europe-142416

تاللىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ رايونغا ئەڭ چوڭ مەبلەغ سالغۇچىلار ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا ئىكەن. پەقەت خىتاي بۇ رايوندىكى مەۋجۇدىيىتى ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كۆپلەپ ئەھمىيەت بەرمەكتە. خەۋپسىزلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئامېرىكانى ئۆزىنىڭ ھامىيسى دەپ قارايدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ 5G قۇرۇلۇشىدا خىتاينىڭ خۇاۋېي شىركىتىنى رەت قىلىپ، ئامېرىكانى تاللىشى بۇنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

■ 4.1. ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىر جازا يۈرگۈزۈش مېخانىزمىنى قۇرۇپ چىققان. ئەمما بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ب د ت نىڭ خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەيدىغان باياناتىغا ئىمزا قويۇشىنى قوللىمىغان.[13]




| Country | UNHRC 44* | UNHRC41** | UNGA 75 3rd Committee*** |
|---|---|---|---|
| Austria | • | • | • |
| Belgium | • | • | • |
| Bulgaria | | | • |
| Croatia | | | • |
| Cyprus | | | |
| Czech Republic | | | |
| Denmark | • | • | • |
| Estonia | • | • | • |
| Finland | • | • | • |
| France | • | • | • |
| Germany | • | • | • |
| Greece | | | |
| Hungary | | | |
| Ireland | • | • | • |
| Italy | | • | • |
| Latvia | • | • | • |
| Lithuania | • | • | • |
| Luxembourg | • | • | • |
| Malta | | | |
| Netherlands | • | • | • |
| Poland | | | • |
| Portugal | | • | |
| Romania | | | |
| Slovakia | • | | • |
| Slovenia | • | • | • |
| Spain | | • | • |
| Sweden | • | • | • |
| United Kingdom | • | • | • |
| **Total** | **16** | **18** | **21** |



## مۇلاھىزە:

خىتاينىڭ خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم سىياسىتىگە قارىتا ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى غەربىي ۋە شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىزچىل نارازىلىقىنى

[13]Lucrezia Poggetti."EU-China Mappings: Interactions between the EU and China on key issues". MercatorInstituteforChinaStudies. 20.01.21. https://merics.org/en/short-analysis/eu-china-mappings-interactions-between-eu-and-china-key-issues

بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، جەنۇبىي ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى سۈكۈتتە تۇرماقتا. خەرىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىقتىسادى ۋە دېموكراتىك دۆلەت سىستېمىسى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە خىتايىنى ئەيىبلەش داۋاملىشىۋاتىدۇ.

■ 5.1. خىتاي بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كەڭ كۆلەملىك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى 2020 - يىلى 30 - دېكابىر ئىمزالانغاندىن كېيىن، ھەر خىل شەكىلدىكى تەنقىد ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن باشقا يەنە، ھىندىستانمۇ بۇ كېلىشىمدىن مەمنۇن ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان. ھىندىستان ORF ئاقىللار ئامبىرىنىڭ رەئىسى Samir Saran : «كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى ھىندىستانغا بىر دەرس بولىدى. ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى سەۋەبىدىن خىتاي بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تېخنولوگىيەلىك رىقابەتتە بولۇۋاتقاندا، خەلقئارانىڭ خىتايغا بېسىم قىلىشىنى كۈتەتتى؛ ئەمما ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ئاجىزلاشتۇردى، دوستلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئورنىنى ئاجىزلاتتى» دېگەن[14]. ياۋروپا پارلامېنتىدىكى ھەر قايسى پارتىيەلەرمۇ ئوخشىمىغان شەكىلدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ كېلىشىمدىكى ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان[15]. بۇ سەۋەبتىن بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىغا ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن بەكرەك كۈچىشى كېرەكلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ بۇ كېلىشىمنىڭ تەستىقلانماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان مۇھىم بىر ئامىل ئىكەنلىكى دېيىلمەكتە.

**مۇلاھىزە:**

[14]Dr. James Carafano, Dr. Arvind Gupta, Jeff M. Smith. "The Pitfalls of the China-EU Comprehensive Agreement on Investment". TheDiplomat. 22.01.21 https://thediplomat.com/2021/01/the-pitfalls-of-the-china-eu-comprehensive-agreement-on-investment/

[15]JOSEPH DE WECK, EYCK FREYMANN. "Europe Is Getting Closer to China, But Biden Can Pull It Back". Foreign-policy. 21.01.21. https://foreignpolicy.com/2021/01/21/china-eu-agreement-investment-cai-biden-trans-atlantic-rift/

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەش، قوللىنىلىدىغان ئىستراتېگىيەلەرنى ئېنىقلاش جەريانىدا ئىككى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ، بىرى COVID ـ 19 سەۋەبلىك تۇرغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ۋە ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ خىتاي بازىرىغا كىرىشى ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ساقلاش، يەنە بىرى ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇستەقىللىقى (Strategic Autonomy) گە ئېرىشىش ۋە كۆپ قۇتۇپلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا خىتاي ۋە ئامېرىكانىڭ بېسىمىدا ئۈچىنچى بىر كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتۇر.

# رۇسىيە ۋە خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر ھەپتىلىك خەۋەرلەر

(26.01.2021 — 19.01.2021)

**تەييارلىغۇچى: مەلىكەزادە**

بۇ ھەپتىدىكى رۇسىيە قىزىق نۇقتا خەۋەرلىرىنىڭ بىرى ئالدىنقى يىلى ئاۋغۇستتا (ناۋالنىينىڭ ئېيتىشىچە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قولى بىلەن) زەھەرلەنگەنلىك سەۋەبى بىلەن گېرمانىيەدە داۋالىنىۋاتقان ئۆكتىچى پارتىيە رەھبىرى ناۋالنىينىڭ بۇ يىل 17 ـ يانۋار ئايالى بىلەن موسكۋا ئايروپورتىغا يېتىپ كەلگەن زامان ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىشى ۋە شۇ سەۋەبلىك ناۋالنىينى قوللايدىغان ۋە ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان مىڭلىغان ئاممىنىڭ 23 ـ يانۋار كۈنى قىرىقتىن ئارتۇق شەھەر ۋە بازار كوچىلاردا ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشى بولدى. نامايىش نەتىجىسىدە، 24 ـ يانۋارغا قەدەر ناۋالنىينىڭ ئايالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3000 دىن ئارتۇق كىشى رۇسىيە ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

ناۋالنىينىڭ قولغا ئېلىنىشىدىن ئىككى كۈن كېيىن، يەنى 19 ـ يانۋار ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىككى سائەت ئۇزۇنلۇقتا ئىشلەنگەن بىر ۋىدىيونى توردا تارقاتقان بولۇپ، ئۇنىڭدا پۇتىننىڭ شەخسىي ئىقتىسادىي ۋە قارا دېڭىزنىڭ بويىغا جايلاشقان مەخپىي ئوردىسى تونۇشتۇرۇلغان. كامېرا سەپلەنگەن دروندا تارتىلغان كۆرۈنۈشلەردە 78 كۋادرات كىلومېتىرلىق بۇ ئوردا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارچە ھەشەمەت نامايان قىلىنغان بولۇپ، ناۋالنىينىڭ دېيىشىچە، رۇسىيە باج تاپشۇرغۇچىلىرىنىڭ 1.35 مىليارد دوللار پۇلى مۇشۇ ئوردىنى قۇرۇشقا سەرپ قىلىنغان ئىكەن[16]. ناۋالنىي ۋە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ پۇتىننىڭ بىخەتەرلىك قوغدىغۇچىلىرىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ تۇرۇپ، دۇنيادىكى

[16] “Putin’s palace: History of world’s largest bribe”, Aleksey Navalny, 20 Jan 2021, https://www.youtube.com/watch?v=ipAnwilMncI

ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوغدىنىش تەدبىرىگە ئىگە بولغان بىر ئورۇننى ئاممىنىڭ نەزەرىگە سۇنالىشى كىشىنى ھاڭ- تاڭ قىلىپلا قالماي، كرېمىل ئۈچۈنمۇ بىر ھاقارەت سانىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئوردا ئۆتمۈشتىكى فرانسىيە قۇياش شاھى ۋە ياكى لوئىس XIV قاتارلىقلارنىڭكىدەك ئاممىغا كۆز- كۆز قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە، «رۇس دۆلىتىنىڭ يۈرىكى» دېيىلگەنلەرنىڭ مال- دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ، مەخپىي سېلىنغان.

## ئالېكسېي ناۋالنىي كىم؟

بۇ يىل 44 ياشقا كىرگەن ئالېكسېي ناۋالنىينىڭ ئەسلى كەسپى ئادۋوكاتلىق بولۇپ، ئۇ رۇسىيە دۆلەت بىناسى- كرېملىنىڭ ئەشەددىي تەنقىدچىسى، پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىككە قارشى ئاكتىپ پائالىيەتچى، پۇتىن دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پارىخورلۇقىنى قامچىلاپ يازغان ماقالىلىرى ۋە 2011- 2012 - يىللىرىدىكى سايلام مەزگىلىدىكىدەك خەلقنى قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە بولغان تەشۋىقاتلىرى ئۈچۈن ئىككى قېتىم جىنايى جازا بېرىلگەن ئۆكتىچى. ناۋالنىي ھەر ئىككى قېتىملىق جىنايى ھۆكۈمگە قايىل بولمىغان، ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى سوتى تەرىپىدىن ئاقلانغان. ئۇ 2018- يىلىدىكى سايلامدا پۇتىننىڭ قايتا سايلىنىشىغا قارشى ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئېلىپ بارماقچى بولغان، لېكىن ئۈستىدىكى قانۇنىي ئەيىبلەشلەر تۈپەيلى پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. بارغانلا يېرىدە بىر مۇنچە قوللىغۇچىغا ئېرىشىدىغان بۇ كىشى توختاۋسىز تەشكىللەۋاتقان نامايىش ۋە قارشىلىق پائالىيەتلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم قولغا ئېلىنغان ۋە تۈرمىگە چۈشكەن.

2017- يىلى بىرەيلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، يېشىل رەڭلىك بىر

باكتېرىيەسىزلەندۈرۈش سۇيۇقلۇقىنى يۈزىگە چېچىۋەتكەنلىكتىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاشقان، 2019- يىلى يەنە تۈرمىدە زەھەرلىنىش سەۋەبلىك داۋالانغان. 2020- يىلى ئاۋغۇستتا، ئۇ سىبىرىيەگە ئۇچقان ئايروپىلاندا يەنە زەھەرلىنىپ، ئۇچقۇچىنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي ئومسكىغا قونۇشى بىلەن دوختۇرغا كۆرسىتىلگەن، كېيىن قوللىغۇچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن گېرمانىيەدە داۋالانغان ئىدى. بېرلىندا داۋالىنىش جەريانىدا، ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىت ھۇشسىز ياتقان ناۋالنىينىڭ سوۋېت دەۋرىدىن قالغان بىر ھۆكۈمەت جاسۇسى تەرىپىدىن زەھەرلەنگەنلىكى جەزملەشتۈرۈلگەن، رۇسىيە ھۆكۈمىتى بولسا بۇھۆكۈمنى رەت قىلغان، شۇنداقلا ناۋالنىي ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئاشكارىلىغان ۋە دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى جامائەتنى تاڭ قويغان (ھېلىقى «جاسۇس» بىلەن بولغان) تېلېفون سۆھبىتىنىڭ ئاۋازلىق خاتىرىسىنى «ساختا» دېگەن ئىدى.

رۇسىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ناۋالنىيغا جازا ئىجرا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز قوللىغۇچىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى ۋە پەرەز قىلىنغىنىدەك قولغا ئېلىندى. «ئالېكسېي ناۋالنىينىڭ بېرلىندا تۇرۇپ ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاپ تەرغىباتى قىلىشى توغرا ئىش ئەمەس» دەيدۇ ناۋالنىي ئۆز- ئۆزىگە ئۈچىنچى شەخس تىلىدا خىتاب قىلىپ[17].

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى سوتقا ناۋالنىيغا ئۈچ يېرىم يىللىق قاماق جازاسى بېرىش ھەققىدە ئەرز سۇنغان. ئۇ ھازىر 30 كۈنلۈك رېجىمغا ئېلىنغان بولۇپ، 2- فېۋرال سوتقا ئېلىپ چىقىلىدىكەن. مۇشۇ ئاينىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدىلا

[17]Daria Litvinova, “Explainer: Why Navalny is a thorn in the Kremlin’s side”, The Washington Post, 22 Jan 2021 https://www.washingtonpost.com/politics/explainer-why-navalny-is-a-thorn-in-the-kremlins-side/2021/01/22/9f68cf6e-5c84-11eb-a849-6f9423a75ffd_story.html?outputType=amp

رۇسىيە تەكشۈرۈش كومىتېتى ناۋالنىينىڭ ئۈستىدىن ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن دېلو ئاچقان بولۇپ، ئۇنى «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش فوندى» نامىدا يىغقان ئىئانىنى يۇتىۋالغانلىق بىلەن ئەيىبلىگەن. ئەگەر بۇ داۋادا قارىلانسا، ناۋالنىي 10 يىلدەك قامىلىدىكەن.

پۇتىن ئەزەلدىن ناۋالنىينىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمايدۇ، ھۆكۈمەت مەتبۇئاتلىرىمۇ ئۇنى پەقەت «ئەرزىمەس بلوگگېر» دەپ ئاتايدۇ. بۇ قېتىمقى نامايىشتىن كېيىن كرېمىل باياناتچىسى دىمىترىي پېسكوف سۆز قىلىپ، «بلوگگېر ئالېكسېي ناۋالنىينىڭ قولغا ئېلىنىشى بىر رۇسىيە پۇقراسىنىڭ دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشىدەك ئاددى بىر ۋەقە بولۇپ، پىرېزىدېنت پۇتىننىڭ دىققىتىنى چېچىشقا ئەرزىمەيدۇ، ھەم شۇنداقلا بۇ رۇسىيەنىڭ ئىچكى ئىشى، چەتئەل دائىرىلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق، بىز بىر پۇقرا سەۋەبلىك غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بۇزۇۋېلىشنى خالىمايمىز[18]» دېدى.

كرېمىلنىڭ بۇ پەيتتە نېمىشقا بۇنچە جىددىي داۋالغۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئەگەر ناۋالنىي تۈرمىگە تاشلانسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ خەلقنىڭ نەزەرىدە «ئىككىنچى نېلسون ماندېلا» غا ئايلىنىدۇ ۋە پۇتىننىڭ رۇس خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ۋە ھۆكۈمەت بىناسىدىكى ئورنىغا غايەت زور ئەكس تەسىرى بولىدۇ.

ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە، ناۋالنىينىڭ رۇسىيەگە قايتىپ كېلىشى پۇتىننىڭ ئەقلىنى تاڭ قويغان ۋە كرېمىلنى قالايمىقانچىلىققا پاتۇرغان بىر ۋەقە بولغان. ھۆكۈمەت تەرەپ مەيلى قانداق ئەيىبلىسۇن، ناۋالنىينىڭ سىياسى ساھەدىكى

[18] “Navalny’s legal saga ‘does not require Putin’s special attention’, says Kremlin”, TASS, 19 Jan 2021 https://tass.com/politics/1246449

تەسىر كۆچىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. 2018- يىلى ناۋالنىي مەيدانغا كەلتۈرگەن بىلەت تاشلاش پروجېكتىنىڭ ياردىمىدە، پۇتىنغا قارشى پارتىيە 2019- يىلى موسكۋا شەھەرلىك ھۆكۈمىتىدە 45 ئورۇمىي بىلەتنىڭ 20سىگە ئېرىشكەن. ئۇ بۇ ئىستراتېگىيەسىنى 2024 - يىلىدىكى دۆلەت دۇماسى سايلىمىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان بۇ يىللىق پارلامېنت سايلىمىدىمۇ ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئانالىزچىلار ناۋالنىينىڭ سايلام نەتىجىسىگە ھەققەتەن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقى ۋە دەل مۇشۇ سەۋەپتىن پۇتىننىڭ ئۇنى كۆزدىن يوق قىلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ[19].

23- يانۋاردىكى كەڭ كۆلەملىك نامايىشنىڭ ئەتىسى، خىتاي «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى» ئوبزور ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رۇس ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن، جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىدىغان بۇنداق نامايىشنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىنى، ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، رۇس ھۆكۈمىتىدىن ناۋالنىي ۋە باشقا نامايىشچىلارنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىشى، شۇنداقلا رۇس سىياسى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولۇشى ئۇلار ۋە رۇسىيە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇشتىن باشقىغا يارىمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان[20].

[19]Daria Litvinova, "Explainer: Why Navalny is a thorn in the Kremlin's side", The Washington Post, 22 Jan 2021 https://www.washingtonpost.com/politics/explainer-why-navalny-is-a-thorn-in-the-kremlins-side/2021/01/22/9f68cf6e-5c84-11eb-a849-6f9423a75ffd_story.html?outputType=amp

[20]环球时报-环球网，"社评：俄罗斯乱不了，美西方莫瞎忙活"，2021年2月24日 https://opinion.huanqiu.com/article/41eIRvQB7Vv

# خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى
## (24.01.2021 — 18.01.2021)
**مەمەتئېلى مەمەتئېمىن**

■ خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25-قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25-قېتىملىق يىغىنى 2021-يىلى 1-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا «خىتاي بىلەن بىلگىيە پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدا جازا ھۆكۈم قىلىنغانلارنى يۆتكەش شەرتنامىسى» ۋە «خىتاي بىلەن ماراكەش پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى» ماقۇللاندى[21].

بۇنىڭدىن باشقا بەزى قانۇنلار ماقۇللاندى، بەزىلىرى قاراپ چىقىشقا سۇنۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكەن ۋە 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدىغان «دېڭىز ساقچىلىرى قانۇنى»[22] ۋە قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان«ئائىلە تەربىيەسى قانۇنى لايىھەسى »[23]. ئېلان قىلىنغان «دېڭىز ساقچىلىرى قانۇنى»غا ئاساسەن ، دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتى «بارلىق زۆرۈر ۋاستىلەرنى» ئىشلىتىپ ، چەتئەل پاراخوتلىرىنىڭ تەھدىتىنى توسۇش ياكى ئالدىنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان[24]. «ئائىلە تەربىيەسى قانۇنى لايىھەسى » دە

[21]<人大常委会第二十五次会议在京闭幕>、 人民日报、 2021年01月23日 第 01 版 、http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2021-01/23/nw.D110000renmrb_20210123_3-01.htm
[22]<全国人大常委会表决通过海警法>、人民日报、2021年01月23日 第 04 版、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2021-01/23/nw.D110000renmrb_20210123_6-04.htm
[23]<十三届全国人大常委会第二十五次会议审议多部法律草案>、人民日报、2021年01月21日 第 11 版、http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2021-01/21/nw.D110000renmrb_20210121_1-11.htm
[24]<中华人民共和国海警法>、中华人民共和国中央人民政府、 2021年01月23日、 http://www.gov.cn/

بولسا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى باشقا ۋەسىيلىرى ئائىلە تەربىيەسى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى رەت قىلسا ياكى ئۇنىڭغا سەل قارىسا ياكى ئائىلە تەربىيەسىنى نامۇۋاپىق يولغا قويسا ، بۇ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھەرىكىتىدە قىيسەيپ كېتىش ياكى ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە زىيان يەتسە دۆلەت بۇنىڭغا ئارىلىشىش ۋە قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ كۆرسىتىلگەن.

## مۇلاھىزە:

دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتى 2014 -يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، 2018 -يىلى خىتاي ئارمىيەسىنىڭ بىر پارچىسى بولغان. «دېڭىز ساقچىلىرى قانۇنى» دېڭىز ساقچىلىرىغا ئالاھىدە ئىمتىياز بەرگەن بولۇپ، دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت ئەترىتى «بارلىق زۆرۈر ۋاسىتىلەرنى» ئىشلىتىپ ، چەتئەل پاراخوتلىرىنىڭ تەھدىتىنى توسۇش ياكى ئالدىنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. بۇ قانۇن ماقۇللانغاندىن كېيىن ياپونىيە قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئەندىشىسىنى كۈچەيتكەن[25]. گەرچە خىتاي بۇنى خەلقئارا قائىدىگە ماس كېلىدۇ دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ [26] خىتاي نۇرغۇن ۋاقىتتا ئۆز قانۇنسىزلىقىنى مۇجمەل قانۇنلىرى ئارقىلىق پەردازلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ۋە دېڭىزدىكى زومىگەرلىكى كۈچىيىپ كەتكەن مەزگىلدە بۇ تەرەققىيات رايوننىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىشى ۋە توقۇنۇش يۈز بېرىش ئېھتىمالىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن.

« ئائىلە تەربىيەسى قانۇنى » قارىماققا بالىلارنى ئائىلە زوراۋانلىقىدىن قوغدايدىغاندەك قىلسىمۇ، خىتاي بۇنى بالىلارنى ئائىلىدىن ئېلىپ بالىلارنىڭ

xinwen/2021-01/23/content_5582024.htm

[25]<中国海警法授对非法外国船舶使用武力>、RFI、 2021年01月22、 https://www.rfi.fr/cn/%E4%B8%AD%E5%9B%BD/20210122-%E4%B8%AD%E5%9B%BD%E6%B5%B7%E8%AD%A6%E6%B3%95%E6%8E%88%E5%AF%B9%E9%9D%9E%E6%B3%95%E5%A4%96%E5%9B%B-D%E8%88%B9%E8%88%B6%E4%BD%BF%E7%94%A8%E6%AD%A6%E5%8A%9B

[26]< 2021年1月22日外交部发言人华春莹主持例行记者会>、中华人民共和国外交部、 2021年01月22日、 https://www.fmprc.gov.cn/web/fyrbt_673021/t1847942.shtml

مېگىسىنى يۇيۇش، ختاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ تەشۇقاتىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىشى مۇمكىن. شەرقىي تۈركىستاندا بۇنى قىلىۋاتىدۇ. ختاي ئەمدى بۇ قانۇنسىز قىلمىشىنى بۇ ئاتالمىش قانۇنلىرى بىلەن پەردازلاشقا ئۇرۇنىشى مۇمكىن.

■ ختاي پايتەختى بېيجىڭ «تىرىليون مىليارد يۈەن» يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمچىلىق توپى قۇرۇش يولىدا

ختاي پايتەختى تېخىمۇ ياخشى خىزمەت شارائىتى بىلەن تەمىنلەش ۋە تەتقىقات ئەسلىھەلىرىنى خەلقئارا تەتقىقاتچىلارغا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ دۇنياۋى ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بېيجىڭ يېڭى «تىرىليون مىليارد» يۇقىرى تېخنىكىلىق ياسىمچىلىق توپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سۈنئىي ئەقىل ۋە كىۋانت ئالاقىسى قاتارلىق ساھەلەردە، دۇنيا پەن-تېخنىكا مەركىزىگە ئايلىنىش ئارقىلىق ختاينى دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ باشلامچىسى قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ[27].

## مۇلاھىزە:

ختاي، 2035 تە دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قاتارىدىن يەر ئېلىش، 2049 دا دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى بولۇش پىلانى بويىچە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى بولۇپ ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىش ئۈچۈن ختاينىڭ نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ئىلغار تېخنىكا . گەرچە ختاي تېخنىكا ساھەسىدە چوڭ ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ نۇرغۇن يۇقىرى تېخنىكا

[27]"Chinese capital Beijing sets sights on building 'trillion yuan' hi-tech manufacturing clusters", South China Moring Post, 21.01.2021, https://www.scmp.com/news/china/science/article/3118559/chinese-capital-beijing-sets-sights-building-trillion-yuan-hi

ساھەسىدە يەنىلا ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىگە موھتاج . خىتاي بۇ ساھەلەردە دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى بولۇش ئۈچۈن پۈتۈن ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، چەتئەل تېخنىكىلىرىنى ئوغرىلاش،پۇل- مال بىلەن ئەڭ ياخشى ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش،يۇقىرى تېخنىكىلىق چەتئەل شىركەتلىرىنى سېتىۋېلىش قاتارلىقلار. غەرب دۆلەتلىرى خىتاينىڭ بۇ غەرىزىنى بارا- بارا تونۇپ يېتىشكە باشلىدى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ شىركەتلىرىنى، تەتقىقاتچىلىرىنى، تېخنىكىلىرىنى قوغداشقا باشلىدى. ئامېرىكا-خىتاي رىقابىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىنىڭ بىرىمۇ يۇقىرى تېخنىكا ساھەسى. خىتاي بۇ تاشقى ئامىل ۋە تۈزۈلمىسىدىكى كەمتۈكلۈكتىن ئىبارەت ئىچكى ئامىلدىن تۈپەيلى بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقى مۇمكىن.

■ خىتاي - تەيۋەن كرىزىس

تەيۋەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى يەكشەنبە كۈنى خىتاينىڭ 15 ھەربىي ئايروپىلانى تەيۋەن ھاۋا مۇداپىئەسىنى پەرقلەندۈرۈش رايونىغا قايتا كىرگەنلىكى ، بۇ خىتاينىڭ ئۇدا ئۈچىنچى كۈن تەيۋەن  ھاۋا مۇداپىئەسىنى پەرقلەندۈرۈش رايونىغا بۆسۈپ كىرىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى [28]. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى Ned Price باياناتىدا مۇنداق دېدى: «بىز بېيجىڭنى تەيۋەنگە ھەربىي ، دىپلوماتىك ۋە ئىقتىسادىي بېسىم ئىشلىتىشنى توختىتىشنى ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەيۋەننىڭ سايلانغان ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلىمىز»[29]. ئامېرىكا ئارمىيەسى يەكشەنبە كۈنى USS Theodore RooseveltInto ناملىق ئاۋىياماتكا باشچىلىقىدىكى ئامېرىكا

[28]<中共解放軍進入我西南空域活動情況>、中華民國國防部、2021年01月24日、 https://www.mnd.gov.tw/Publish.aspx?p=77956&title=%e5%9c%8b%e9%98%b2%e6%b6%88%e6%81%af&SelectStyle=%e5%8d%b3%e6%99%82%e8%bb%8d%e4%ba%8b%e5%8b%95%e6%85%8b

[29]Ned Price, "PRC Military Pressure Against Taiwan Threatens Regional Peace and Stability", US Department of State, 23.01.2021, https://www.state.gov/prc-military-pressure-against-taiwan-threatens-regional-peace-and-stability/

ئاۋىياماتكا گورۇپپىسىنىڭ جەنۇبىي دېڭىزغا كىرىپ «دېڭىز ئەركىنلىكى» نى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى ئېيتتى[30].

## مۇلاھىزە:

يېقىندىن بۇيان، بولۇپمۇ سەي يىڭ ۋېن(蔡英文) ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن بۇيان خىتاي-تەيۋەن مۇناسىۋىتى ناچارلىشىشقا باشلىدى. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەنگە بولغان قوللىشىنىڭ كۈچىيىشى خىتاي- تەيۋەن مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يىرىكلەشتۈرۈۋەتتى . ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ خىتاينىڭ تەيۋەن ھاۋا ۋە دېڭىز رايونىغا بۆسۈپ كىرىش ۋەقەسى كۆپەيگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم بايدىننىڭ ھاكىمىيەتكە كېلىشى بىلەنلا خىتاينىڭ تەيۋەنگە خىرىس قىلىشىدا بىر قانچە خىل ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچىدىن، خىتاي، بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەننى قانچىلىك قوللايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىسى، ئامېرىكانىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىگە «تەيۋەننىڭ خىتاي زېمىنى ئىكەنلىكى، ئامېرىكانىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوقلۇقى»نى ئەسكەرتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچىدىن، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەيۋەننى «قايتۇرۇپ» ئېلىپ « تارىخى ۋەزىپىنى » ئورۇنداش ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شى جىنپىڭ خىتاي تارىخىدا نام قالدۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئامېرىكانىڭ ئىنكاسى خىتاينىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدە قەدەم ئېلىشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويغاندەك تۇرىدۇ.

[30] "Theodore Roosevelt Carrier Strike Group enters South China Sea", Commander U.S. Pacific Fleet, 24.01.2021, https://www.cpf.navy.mil/news.aspx/130797

## تەكلىپ – تەۋسىيە

قانۇن ئۇقۇغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار خىتايىنىڭ مۇجمەل، خەلقئارا ئۆلچەمگە ماس كەلمەيدىغان قانۇنلىرىنى پاش قىلىپ ماقالە،كىتاب يېزىشى كېرەك. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينىڭ قانۇنىنىڭ قانداق «قانۇن» ئىكەنلىكىنى تونۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى، قوشنىلىرى ۋە غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق كۆزىتىپ پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بار يوقلۇقىغا قارىتا ئۇزۇن ۋادىلىق پىلان تۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

# بۇ ھەپتە شەرقىي تۈركىستاندا

## (24.01.2021 — 18.01.2021)

**نىجات مەمەت**

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى يېزا، كەنت، مەھەللىلەردە سودىيە ئىشخانىسىدىن 1486نى تەسىس قىلغان[31]

بۇلتۇر 3 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەربىر يېزا ـ بازاردا ئاز دېگەندە بىر خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت نۇقتىسى ياكى بىر سودىيە ئىشخانىسى تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر دەرىجىلىك خىتاي سوت مەھكىمىلىرى بىر كۆزنەكلىك كۆپ مەنبەلىك ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق، پائال سودىيە ئىشخانىسى سۈپىتى بەرپا قىلىپ، دەۋانى مەنبەدىن تۈزەشكە كۈچەپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتىنى يېزا، كەنت، مەھەللىلەرگىچە ئۇزارتىپ، ئاساسىي قاتلامغىچە كېڭەيتكەن. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 1486 سودىيە ئىشخانىسى تەسىس قىلغان.

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى پارتىيە كومىتېتى شەرقىي تۈركىستاننى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئاچقان[32]

[31]شىنجاڭ گېزىتى، يېزا، كەنت، مەھەللىلەردە سودىيە ئىشخانىسىدىن 1486نى تەسىس قىلدى. 18 ـ 01 ـ 2021
http://uy.ts.cn/system/2021/01/18/036557149.shtml

[32]شىنجاڭ گېزىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى.19 ـ 01 ـ 2021
http://uy.ts.cn/system/2021/01/19/036557949.shtml

2021 ـ يىلى 18 ـ يانۋار ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغان. يىغىندا مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلگەن، ئۆگىنىلگەن ، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلغان بولۇپ، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن (خىتاي ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيەسى) رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئۈرۈمچى باش ئەترىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل خادىملار، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل خادىملىرى ۋە ئۈرۈمچى رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شەرقىي تۈركىستاننى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى (مەركەز)گە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى شى، شەھەرلىرىدىكى مەسئۇل خادىملار يىغىنغا قاتناشقان.

يىغىندا: <پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردە شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى مۇستەھكەم، كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئورگانىك

بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىق»لارنىڭ ئۈلگىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلار شى جىنپىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنى باشلامچىلىق بىلەن چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن قانۇنچىلىققا ھۆرمەت قىلىپ، قانۇندىن ئەيمىنىپ، قانۇنچىلىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىلىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. قانۇنچىلىق خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىلىق مەخسۇس قوشۇنىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىشى، مۇنتىزىملىشىشى، كەسىپلىشىشى، قانۇن مۇلازىمىتى خىزمەتچىلىرىنى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، قانۇن-بەلگىلىمە بويىچە كەسىپ بىلەن سەممىي شۇغۇللىنىش، جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، قانۇنچىلىق ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك[33].>دەپ تەكىتلىگەن.

## مۇلاھىزە:

2017-يىلى 18-ئۆكتەبىر خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 19-نۆۋەتلىك مەملىكەت خەلق قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مەركىزى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان[34]، 2018-يىلى مارتتا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى «پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى

[33]شىنجاڭ گېزىتى، چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى. 19-01-2021
http://uy.ts.cn/system/2021/01/19/036557949.shtml

[34]新华网、习近平：成立中央全面依法治国领导小组、2017-10-18 http://www.xinhuanet.com//politics/2017-10/18/c_1121820675.htm

چوڭقۇرلاشتۇرۇش نىزامنامىسى[35]» نى ئېلان قىلىپ ، قانۇن بىلەن باشقۇرۇش مەركىزى كومىتېتىنى قۇرغان.

ئېلان قىلىنغان نىزامنامىدە < ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يۈكلىگەن تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن ئومۇميۈزلۈك چىقىدىغان خىزمەت ئورگىنىغا ، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلايدىغان ۋاكالەت ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. تەدبىرنىڭ بەلگىلىنىشى ئىلمىي، ئىجرا قىلىنىشى قەتئىي، نازارەتچىلىكى كۈچلۈك بولغان ھوقۇق يۈرگۈزۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار دېموكراتىيە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىيە ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، خەلقنىڭ ياخشى خىزمەتكارى بولۇشى كېرەك> دېيىلگەن بولسىمۇ . ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا بەرپا قىلغان 1486 سودىيە ئىشخانىسى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بىگۇناھ ئەيىبلەپ لاگېرغا ھەتتا تۈرمىگە بەند قىلماقتا. خىتاي بۇ خەلققە <نەپ يەتكۈزىدىغان قانۇن>نى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ساراسىمىگە سالماقتا.

خىتاينىڭ يېقىندىن بۇيان قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش خىزمىتى ۋە تەشۋىقاتىنى مۇھىم تۈتۈشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرسى دۆلەت ئىچىدە خەلقنىڭ <كۆڭلىنى ئېلىش>، خەلقئارادا بولسا خىتاي دۆلىتىنى دېموكراتىك قىلىپ پەردازلاپ كۆرسىتىپ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئېتىبارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دېيەلەيمىز.

خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئارقىلىق 2017 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا <تېررورلۇق >

[35]新华网、中共中央印发《深化党和国家机构改革方案》、2018-03-21 http://www.xinhuanet.com/2018-03/21/c_1122570517.htm

ۋەقەسىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى كوممۇنىست پارتىيەنىڭ «ئىلغار» ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلەپ «كۆڭلىنى ئالغانلىقىنى» مەتبۇئاتلاردا تەشۋىقات قىلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلغان زۇلۇمنى يېپىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ يەنىلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئەكسىچە دېموكرات دۆلەتلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغانلىق دەپ ئەيىبلىدى[36].

■ ئۈرۈمچى خەلق ھۆكۈمىتى سابىق مۇئاۋىن رەئىسى رېن خۇا پارىخورلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن[37].

خىتاي خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 22 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە ، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تور بېكىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا ، ئۈرۈمچى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پارتىيە ئەزاسى ۋە سابىق مۇئاۋىن رەئىسى رېن خۇا پارا ئالغان دەپ گۇمان قىلىنغان. خىتاي دۆلەتلىك نازارەتچىلىك كومىتېتى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغان بولۇپ ، جىنايەتنى خىتاي ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بېكىتكەن، سۇجۇ شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى سۇجۇ ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان.

رېن خۇا ئىلگىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، پارتىيە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كاتىپى ۋە ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان ۋاقىتلاردا خىزمەت قولايلىقىنى پايدىلىنىپ باشقىلاردىن قانۇنسىز پۇل ۋە مال ـ مۈلۈك قوبۇل قىلغان.

[36]BBC, 美国国务卿蓬佩奥：中国对维吾尔族“犯下种族清洗和反人类罪”，2021-01-19 https://www.bbc.com/zhongwen/simp/world-55727785
[37]中新网、新疆维吾尔自治区人民政府原副主席任华涉嫌受贿案被提起公诉，2021-01-22 http://www.xj.chinanews.com/shehui/2021-01-22/detail-ihafytsw6079783.shtml

## مۇلاھىزە:

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن يولىيورۇقىغا ئاساسەن يېقىندا كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ يىللىق ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغان[38]. خىتاي ھەر يىل ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى ئېلىپ بارسىمۇ ئەمما ھەر يىل پارىخورلۇق قىلىش قىلمىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمىغان. دېمەك بۇ خىتاينىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشىدا مەسىلە بارلىقىنى، كادىرلىرىنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا <ھاكىمىيەت> يۈرگۈزگەندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئۈستى - يەر ئاستى بايلىقلىرىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن باراۋەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كادىرلىرى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن يىللاردىن بۇيان خىزمەت قولايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل ئۇسۇل ۋە چارىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سويماقتا. بۇنىڭ بىلەن قالماي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنى ۋە مىللىي ئۆرپ ئادەتلىرىگە زىت بولغان بۇ خىل پەسكەش قىلمىشلىرى بىلەن زەھەرلىمەكتە.

■ چېن مىڭگو ئۈرۈمچى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن[39].

[38]شىنجاڭ گېزىتى، ئىقتىسادىي تەپتىشنىڭ نازارەتچىلىك ۋەزىپە-مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئادا قىلىپ، يۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك، 23-01-2021 http://www.zgkashgar.com/xw/202101/t20210123_124187.html

[39]خەلق تورى، چېن مىڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، http://uyghur.people.com.cn/307382/15835782.html 2021-01-21

2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ يىغىنىدا، چېن مىڭگونى ئۈرۈمچى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەش قارار قىلىنغان.

ۋاڭ مىڭشەننى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىنغان. چېن مىڭگونى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىنغان.

## مۇلاھىزە

چېن مىڭگو 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ قانۇنشۇناسلىق كەسپىنى خىزمەتتە تۇرۇپ پۈتتۈرگەن.

2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە غەربىي جەنۇب مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى نوپۇسشۇناسلىق كەسپىدە ئىشلەۋېتىپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان، قانۇنشۇناسلىق دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

2015 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە سىچۈەن ئۆلكىلىك ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتكوم شۇجىسى، ئۆلكىلىك تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1 ـ سىياسىي كومىسسارى بولغان (2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي)؛ 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2020 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە چىڭخەي ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

خىتاي دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قانۇن كەسپىدە ئوقۇغان(بۇ كەسپتە مۇنتىزىم ئوقۇمىغان بولسىمۇ) شۇنداقلا تۈرمە باشقۇرۇش تەجرىبىسى بولغان بىرسىنى تەيىنلىشى شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى بىر زۇلۇمنىڭ باشلىنىش تەييارلىقى بولۇشى، قانۇن ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى «ئىدارە قىلىش» ئويۇنى ئويناش ئارقىلىق خەلقئارانىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى تەنقىد قىلىشىغا قارشى يېڭى كۆز بوياش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقئاراغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ «ياخشى» قانۇنىنىڭ ياردىمىدە «بەختىيار كۈن» كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.